قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# رەڭدارگۈل



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# رەڭدار گۈل

## قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (5)


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى

فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5

2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 80547 - 815 - 9

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# رەڭدار گۈل



ئەسلى ئاپتورى: كاتايېۋ [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى]
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner



1. ئەتىگەندە جېنىنىنى ئاپىسى بولكا ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. جېنىنى بولكىنى ئېلىپ ھاۋۇقىپ كېتىۋاتسا، بىر ئىت كېلىپ بولكىنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

Scanned by CamScanner



2. جېنىنى ئاچچىقىدا ئىتنى تۇتۇپ تازا ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، ئىتنى قوغلاۋېرىپ يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. ئۇ قورققىنىدىن يىغلىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئاق كۆڭۈل موماي پەيدا بوپتۇ، جېنىنى مومايغا يولدىن ئېزىپ قېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

Scanned by CamScanner

3. موماي ئۇنىڭغا: «يىغلىمىغىن قىزىم، مەن ساڭا بىر رەڭدار گۈل بېرەي. ھەر قانداق تەلىپىڭ بولسا،گۈل بەرگىدىن بىرنى ئۈزۈپ ئۇنىڭغا ئېيتساڭ، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ» دەپتۇ.





4. جىننى موماينىڭ قولىدىن گۈلنى ئېلىپ، ئۇ-نىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ، گۈل بەرگىدىن بىرنى ئۈ-زۈپ: «رەڭدار گۈل، مېنى بولكىلىرىم بىلەن قوشۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىن» دەپ-تۇ.

Scanned by CamScanner



5. جېنىنى گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، قو-
لىدا بولكا كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ
قاپتۇ. «ئوھوي، بۇ گۈل راستىلا ئاجايىپ
خىسلەتلىك ئىكەنغۇ» دەپ ئويلاپتۇ جېنىنى.

6. جېننى بولكىنى ئاپىسىغا بېرىپ، ياتاق
ئۆيگە كىرىپ رەڭدار گۈلنى گۈلدانغا سېلىپ قوي-
ماقچى بوپتۇ.



Scanned by CamScanner

7. ئېھتىياتسىزلىقتىن
گۈلدان قولىدىن چۈشۈپ
كېتىپ، چېقىلىپ كېتىپتۇ.
ئاپىسى ئاشخانىدا تۇرۇپ:
«جېنىنى نېمىنى سۇندۇرۇ-
ۋەتتىڭ!» دەپ توۋلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

8. جېنىنى بىر تال گۈل بەرگىنى ئۈزۈپ: «ماڭا بىر چىرايلىق گۈلدان كېرەك» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

9. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە گۇلدان ئەسلىگە كەپتۇ. ئاپىسى كىرىپ قاراپ،گۇلداننىڭ ئۆز ئورنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.



10. جېنىنى ھويلىغا چىقىپ، ئوغۇل بالىلار- نىڭ شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيە ئويۇنىنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇلار جېنىنىڭ بىللە ئوينىشىغا قوشۇلماپتۇ.



11. جېننى ئاچچىقىدا شىمالىي قۇتۇپقا بې-
رىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ بىر تال گۈل بەرگىنى ئۈ-
زۈپ: «مېنى شىمالىي قۇتۇپقا ئاپىرىپ قوي» دەپ-
تۇ.



Scanned by CamScanner


12. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە جېننى شىمالىي قۇتۇپقا كەپتۇ. شىمالىي قۇتۇپ ھەقىقەتەن بەك سوغۇق ئىكەن. ئۇشتۇمتۇت چوڭ بىر ئاق ئېيىق جېننىغا ئېتىلىپ كەپتۇ، جېننى قورقۇپ قېچىپتۇ.



13. جېننى دەرھال يەنە بىر تال گۇل بەرگە-نى ئۇزۇپ: «مېنى دەرھال ئۆيگە ئاپىرىپ قوي-غىن» دەپ ۋارقىراپتۇ.



Scanned by CamScanner





14. ھەش-پەش دېگۈچە جېنىنى ئۆيگە
قايتىپ كەپتۇ. ئۇ باللارغا: «مەن شىما-
لىي قۇتۇپقا بېرىپ كەلدىم» دېگەن ئىكەن،
ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ.

Scanned by CamScanner

15. جېننى قىز بالىلارنىڭ ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئويۇنچۇقلارنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ مېنىڭمۇ ئاشۇنداق ئويۇنچۇقۇم بولسىكەن، دەپ ئويلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

16. ئۇ يەنە بىر تال گۈل بەرگىنى ئۈزۈپ: «مېنىڭ جىق ئويۇنچۇق-
لىرىم بولسۇن» دەپتۇ.



17. ھەر خىل ئويۇنچۇقلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ، جېنىنىڭ ئۆيىنى ۋە ھويلىسىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

18. جېنىنى گۆلىنىڭ يەنە بىر بەرگىنى ئۈ-
زۈپ: «ئويۇنچۇقلار دەرھال ئۆز ئورنىغا كەتسۇن!»
دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

19. ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسى دەرھال كۆزدىن غايىب بوپتۇ.



Scanned by CamScanner



20. رەڭدار گۈلنىڭ ئاخىرقى بىر ياپرىقىلا قاپتۇ. «ئاخىرقى بىر تال ياپراقنى ئىسراپ قىلىۋەتسەم بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ جېننى.

Scanned by CamScanner

21. جېننى پۇتى ناكار كىچىك بىر بالىنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ.



Scanned by CamScanner



22. جېننى ئەڭ ئاخىرقى بىر گۈل بەرگىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا: «بۇ كىچىك بالىمۇ ماڭا ئوخشاش ماڭالايدىغان بولسۇن» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

23. كىچىك بالىنىڭ پۇتى راستلا ساقىيىپ قاپتۇ. ئۇ ھاسىسىنى تاشلاپ، جېنىنى بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈپتۇ، تاقلاپتۇ. ئۇلار ناھايىتى خۇشال-خۇرام ئويناپتۇ.



Scanned by CamScanner

**本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。**


**七色花**

红蜻蜓丛书(5)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
889 × 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 - 7 - 80547 - 815 - 9

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)


Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۈل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-815-9
9 787805 478159 >
总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)